# ئى بەندىلىرىم! مەن ئۆزۈمگە سىلەرگە زۇلۇم قىلىشنى هارام قىلدىم،، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىمۇ ئۆز-ئارا زۇلۇم قىلىشنى هارام قىلدىم، ئۆز-ئارا زۇلۇم قىلىشماڭلار

ئەبۇ زەر رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيهىسسالام ئاللاھ تائالادىن بايان قىلغان ھەدىستە، ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: «ئى بەندىلىرىم! مەن ئۆزۈمگە سىلەرگە زۇلۇم قىلىشنى هارام قىلدىم،، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىمۇ ئۆز-ئارا زۇلۇم قىلىشنى هارام قىلدىم، ئۆز-ئارا زۇلۇم قىلىشماڭلار. ئى بەندىلىرىم! سىلەردىن مەن هىدايەت قىلغانلاردىن باشقا ھەممىڭلار ئازغۇن، مەندىن هىدايەت تەلەپ قىلىڭلار، سىلەرنى هىدايەت قىلىمەن. ئى بەندىلىرىم! سىلەردىن مەن يېمەك بەرگەندىن باشقا ھەممىڭلار ئاچ، مەندىن يېمەك تەلەپ قىلىڭلار، مەن سىلەرگە يېمەك بېرىمەن. ئى بەندىلىرىم! سىلەردىن مەن كىيىم بەرگەندىن باشقا ھەممىڭلار يالىڭاچ، مەندىن كىيىم تەلەپ قىلىڭلار مەن سىلەرگە كىيىم بېرىمەن. ئى بەندىلىرىم! سىلەر كېچە-كۈندۈزدە خاتالىق سادىر قىلغۇچى، مەن بارلىق گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىمەن، مەندىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىڭلار، سىلەرنى مەغپىرەت قىلىمەن. ئى بەندىلىرىم! سىلەرنىڭ ھەممىڭلار بىرلىشىپ ماڭا زىيان يەتكۈزمەكچى بولساڭلار ھەرگىز زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر، ئەگەر مەنپەئەت يەتكۈزمەكچى بولساڭلار ھەرگىز مەنپەئەت يەتكۈزەلمەيسىلەر. ئى بەندىلىرىم! ئەگەر سىلەرنىڭ ئەۋۋەلىڭلار، ئاخىرىڭلار، ئىنسانلىرىڭلار، جىنلىرىڭلار ئۇلارنىڭ ھەممىسى دىلى سىلەردىن بولغان تەقۋادار بىر ئادەمنىڭ قەلبىدەك بولسىمۇ، مېنىڭ مۈلكىيىتىمگە هېچ نەرسىنى زىيادە قىلالمايدۇ. ئى بەندىلىرىم! ئەگەر سىلەرنىڭ ئەۋۋەلىڭلار، ئاخىرىڭلار، ئىنسانلىرىڭلار، جىنلىرىڭلار ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دىلى پاسىق بىر ئادەمنىڭ قەلبىدەك بولسىمۇ، مېنىڭ مۈلكىيىتىمدىن هېچ نەرسىنى كېمەيتەلمەيدۇ. ئى بەندىلىرىم! ئەگەر سىلەرنىڭ ئەۋۋەلىڭلار، ئاخىرىڭلار، ئىنسانلىرىڭلار، جىنلىرىڭلار ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر مەيداندا توپلىشىپ بىر نەرسە سورىسا، مەن ھەر بىرىگە سورىغىنىنى بەرسەم، ئۇ يېڭىنىنى دېڭىز سۈيىگە سېلىپ ئالسا ئۇنىڭدىن بىر نەرسە كېمىيىپ كەتمىگەندەك، مېنىڭ خەزىنەمدىن هېچ نەرسىنى كېمەيتەلمەيدۇ. ئى بەندىلىرىم! ھەقىقەتەن ئۇ سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلار، ئۇنى سىلەرگە ساقلاپ قويىمەن، ئاندىن ئۇنى سىلەرگە تولۇقلاپ بېرىمەن، كىمكى ياخشىلىقنى تاپسا ئاللاھقا ھەمدە ئېيتسۇن، كىمكى ئۇنىڭ غەيرىنى تاپسا ئۇ كىشى پەقەت ئۆزىگە مالامەت قىلسۇن».

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

بۇ ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيهىسسالام ئاللاھ تائالا ئۆزىگە زۇلۇمنى هارام قىلغانلىقىنى، كىشىلەر ئارىسىدىمۇ هارام قىلغانلىقىنى شۇنىڭ ئۈچۈن بىر كىشىنىڭ يەنە بىر كىشىگە زۇلۇم قىلماسلىقىنى دېدى. ئاللاھ تائالا هىدايەت قىلغان ۋە توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلغان كىشىلەردىن باشقا ھەممە كىشىلەر ئازغۇن يولدىدۇر. كىمكى ئاللاھدىن هىدايەتنى سورىسا ئاللاھ ئۇنى هىدايەت قىلىدۇ ۋە توغرا يولغا مۇشەررەپ قىلىدۇ. خەلقنىڭ ھەممىسى بارلىق ئېهتىياجلىرىدا ئاللاھ تائالاغا مۇهتاجدۇر، كىمكى ئاللاھ تائالادىن هاجىتىنى ئادا قىلىشنى سورىسا ئۇ كىشىگە ئاللاھ كۇپايە قىلىدۇ. ئۇلار كېچە-كۈندۈز خاتالىق سادىر قىلىدۇ، بەندە مەغپىرەت تەلەپ قىلغاندا ئاللاھ ئۇنى ئاشكارىلىمايدۇ ۋە مەغپىرەت قىلىدۇ. ئۇلار ھەرگىزمۇ ئاللاھ تائالاغا پايدا-زىيان يەتكۈزۈشكە قادىر بولالمايدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەقۋادار بىر ئادەمنىڭ دىلىدەك تەقۋا بولسا، ئۇلارنىڭ تەقۋالىقى ئاللاھنىڭ مۈلكىيىتىدە هېچ نەرسىنى زىيادە قىلالمايدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ھەممىسى پاسىق بىر ئادەمنىڭ دىلىدەك پاسىق بولسا، ئۇلارنىڭ پاسىقلىقى ئاللاھنىڭ مۈلكىيىتىدىن هېچ نەرسىنى كېمەيتىۋېتەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇلار ئاجىز، ئاللاھقا ئېهتىياجلىق، ئۇلار ھەر ۋاقىت ۋە ھەر ئورۇندا ئاللاھ تائالاغا ئېهتىياجلىق بولىدۇ، ئاللاھ تائالا ئۇلاردىن بىهاجەتتۇر. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىنسانلىرى، جىنلىرى،

ئەۋۋەلقىلىرى، كېيىنكىلىرى ھەممىسى بىر مەيداندا تۇرۇپ ئاللاھدىن مەقسەتلىرىنى سورىسا، ئاللاھ تائالا ھەر بىرىگە سورىغىنىنى بەرسە بۇ خۇددى يىڭنىنى دېڭىز سۈيىگە سىلىپ ئالسا ئۇنىڭدىن بىر نەرسە كېمەيگەندەك ئاللاھنىڭ خەزىنىسىدىن ھېچ نەرسە كېمەيمەيدۇ، بۇ ئاللاھ تائالانىڭ مۇكەممەل بىھاجەتلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ ئەمەللىرىنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ، ھېسابلاپ قويىدۇ، ئاندىن ئۇنى قىيامەت كۈنى ئۇلارغا تولۇقلاپ بېرىدۇ، كىمكى قىلغان ئىشىنىڭ مۇكاپىتىنى تاپسا، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇ كىشىنى تائەت-ئىبادەتلەرگە مۇۋەپپەق قىلغانلىقىغا ھەمدە ئېيتسۇن، كىمكى قىلغان ئىشىدا ياخشىلىقنىڭ غەيرىنى تاپسا، پەقەت ئۆزىنى زىيانغا ۋە يامانلىققا يېتەكلىگەن نەپسىگە مالامەت قىلسۇن.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/4810